# ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنايلى

—— يېڭى يىل بېغىشلىمىسى




چاڭجياڭ دەرياسى ئاقار كۈنى - تۈن، مەردانە ناخشا ياڭرايدۇ ھەر كۈن. يېڭى جۇڭگو زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ 70 يىلنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يىلىغا قەدەم قويۇپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنى — 2020 - يىلنى كۈتۈۋالدى.

بۇ بىر يىلدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار چوڭ دۆلەت ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئىش.

بۇ بىر يىلدا، بىز ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ، پۈرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايمىز. بۇ ھەم ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش مەزگىلى، ھەم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلى.

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش پارتىيەمىزنىڭ خەلققە، تارىخقا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. بۇ بىر يىلدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىڭ يىللىق ئارزۇ مەنزىلىنىڭ، مىليونلىغان خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنىڭ قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقىدىن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم تاشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دۇنيا تارىخىدا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «بۈگۈنكى كۈندە، سوتسىيالىستىك جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى، ھەرقانداق كۈچ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئورنىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.» يېڭى بىر يىلدا، جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان ئېتىقاد، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، قەتئىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپە.

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشتا بىزنىڭ ئىشەنچنى قەتئىي چىڭىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. 2019 - يىلغا نەزەر سالساق، بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق شانلىق تارىخىنى پۈتتۈپ چىقتۇق. بۇ 70 يىلدا، جۇڭگو خەلقى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، «دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان» تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي داستانلىرىدىكى ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى پۈتتۈپ چىقتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۈتۈۋالدى. يېڭى مۇساپىدە، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى بېسىمنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، زېھنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلساقلا، جۇڭگو نامىلىق غايەت زور پاراخوت چوقۇم دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەيدۇ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلالايدۇ. ئەمەلىيەت ئاللىقاچان شۇنى ئىسپاتلىدىكى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، جۇڭگو خەلقى چوقۇم قىلالايدۇ، جۇڭگو چوقۇم قىلالايدۇ!

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشتا بىزنىڭ بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بېسىپ ئۆتكەن 70 يىلدا، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇش مۆجىزىسىنى يارىتىپ، ئارقا - ئارقىدىن «مۇمكىن بولماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرالىشىمىزدىكى ئەڭ تۈپ سەۋەب پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغانلىقىدا. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى، پارتىيە رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى مەركىزىي بارگاھتا «باش قوماندان» بار بولدى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كۈچلۈك «يول باشلىغۇچى» بار بولدى، مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشىدا «تايانچ» بار بولدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش مۇساپىسى ئالدىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنىڭ كۈچلۈك مۇقىملاشتۇرغۇچ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، مىليونلىغان خەلق بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملىسەك، بىز خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدىغان، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز.

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشتا بىزنىڭ جاسارەت، قەتئىيلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. پاراخوت ئوتتۇرا ئېقىمغا كەلگەندە دولقۇن تېخىمۇ جىددىي بولىدۇ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ. كۈرەش قىلىش مۇساپىسىدە، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى بار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان جۇغلانغان مول ماددىي تېخنىكا ئاساسى بار، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكى ۋە ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى بار، غايەت زور ئادەم كۈچى كاپىتالى ۋە ئىختىساسلىقلار بايلىقى بار، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇشى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى بار، بىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسىنى يېزىشقا تامامەن ئىقتىدارىمىز بار. مۆجىزە ئىشلەش ئارقىلىق يارىتىلغان، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. بۈگۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ غەلىبىسېرى يۈرۈش قىلىش، يېڭى مۇساپىدە يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا يۈكسەك شىجائىتى ۋە ئىشەنچىسى بار.

«مەۋج ئۇرغان ئەزىم دەريادا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىمەكتە بىر كېمە، ئىككى قىرغاقتىكى يېشىل تاغ مەنزىرىسىنى قالدۇرۇپ ئۇ كەينىدە». ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تارىخىي چوڭ ۋەزىيەت. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ مۇساپىگە ئاتلىنىپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سائەت 19دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى كېچىلىك نەق مەيدانىغا كېلىپ، ئويۇننى كۆرگىلى كەلگەن پېشقەدەم سەنئەتكارلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئۆزئارا ئەھۋال سورىدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ياڭراق، ھەيۋەتلىك «دۇمباق ساداسى 2020» بىلەن كېچىلىكنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ۋۇجۈ تىياتىرى «ئېتىقاد تەمى»، جۇاڭجۈ تىياتىرى «خۇاڭ ۋېنشيۇ»، جىڭجۈ تىياتىرى «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش» قاتارلىق تىياتىر ئارىيەلىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تەك يۈكسەك ئېتىقادى ۋە ئانا ۋەتەنگە بولغان ساپ قەلبى نامايان قىلىندى؛ گۇيجوۋ گۈللۈك پانۇس تىياتىرى «ئەر - خوتۇننىڭ پانۇس سەيلىسى»، دەنجۈ تىياتىرى «خۇەيىن خاتىرىسى»، مىنجۈ تىياتىرى «قوش كېپىنەكلىك يەلپۈگۈچ»، چۇەنجۈ تىياتىرى «ئۆڭكۈر مەنزىرىسى» قاتارلىق داڭلىق كلاسسىك ئارىيەلەردە يېڭىلىق يارىتىش ئىپادىلىنىپ، ئۇزاقتىن بۇيان تولۇقلىنىپ، يېڭىلىنىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي سېھرىي كۈچ نامايان قىلىندى؛ يۈجۈ تىياتىرى «سۇۋۇ»، شاۋجۈ تىياتىرى «شى تەيجۈن»، جىنجۈ تىياتىرى «يۈ چېڭلۇڭ» قاتارلىق نادىر ئارىيەلەردە قەدىمكى ئەجدادلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئەۋج ئالدۇرۇلغان، مىللىي ئادالەت ياقلانغان، ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق تاۋلانغان بولۇپ، قويۇق ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى سىڭدۈرۈلگەن؛ جىجۈ تىياتىرى «شىچيەننىڭ پۈتۈك ئەكېلىشى»، باللار تىياتىرى «سەككىز چوڭ بازغان» قاتارلىق نومۇرلاردا مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى ئارقىلىق شاد - خۇراملىققا چۆمگەن ئازادە كەيپىيات يارىتىلغان؛ كۈنچۈ تىياتىرى «كېچىلەپ ئاتلىنىش»، خۇيجۈ تىياتىرى «گۇەنيۇننىڭ سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈشى» قاتارلىق ئارىيەلەر ۋە جامباشچىلىق تىياتىر جەۋھەرلىرى قاتارلىق نومۇرلاردا جۇڭگو تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنغان. يېڭىدىن تەييارلانغان تىياتىر ناخشا - ئۇسسۇلى «جۇڭگو، چوقۇم قىلالايدۇ!» كېچىلىكنىڭ كەيپىياتىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى، «جۇڭگو خەلقى چوقۇم قىلالايدۇ!»، «جۇڭگو چوقۇم قىلالايدۇ!» دەۋرنىڭ كۈچلۈك ساداسىنى ياڭراتتى. سەنئەتكارلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ توختىماي ماختىشىغا ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ يىلقى يېڭى يىللىق تىياتىر كېچىلىكىدە 13 تىياتىر تۈرى بىر سەھنىدە ئورۇنلاندى، شاۋجۈ تىياتىرى، گۇيجوۋ گۈللۈك پانۇس تىياتىرى، دەنجۈ تىياتىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تىياتىر تۈرى بۇ سەھنىگە تۇنجى قېتىم چىقىرىلدى، ئەسلى ئىجادىيەتلىك نادىر ئەسەرلەر ۋە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش، ئۆسمۈرلەردىن ئىبارەت تۆت ئەۋلاد ئارتىسلارنىڭ ئېسىل نومۇرلىرى ئارقىلىق يېڭى دەۋر تىياتىر سەنئىتىنىڭ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشتەك گۈللەنگەن مەنزىرىسى نامايان قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەننى سۆيۈش، كۈرەش قىلىش ناخشىسى ياڭرىتىلدى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى قىسمەن رەھبىرىي يولداشلار، دۆلەت كومىسسارلىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى قىسمەن رەھبىرىي يولداشلار، ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ئويۇننى كۆردى.

---

# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2020 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى «سۇمۇرغ كەبى قانات قاقتى»... بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە قان - تەرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، قالتىس جۇڭگو سالاپىتى، جۇڭگو كۈچى نامايان قىلىندى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپارات ئىسلاھاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. بىر تۈركۈم ئەركىن سودا تەجرىبە رايونلىرى ۋە شاڭخەي ئەركىن سودا تەجرىبە رايونىنىڭ يېڭى بۆلەك رايونى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكى ئوڭۇشلۇق قوزغىتىلىپ ئالغا سىلجىتىلدى. باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش ئومۇمىي سوممىسى 2 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى. شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنىڭ باج ئېلىش چېكى ئۆستۈرۈلدى، پۇقرالار دائىم ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن دورىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى، تورنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ھەققىنى تۆۋەنلىتىش ئېكراندىكى مەزمۇنلارنىڭ يېڭىلىنىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇشنىڭ يېڭى مودىسىغا باشلامچى بولدى. «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يەڭگىل جابدۇندۇرۇپ، سەپەرگە ئاتلاندۇردى. جۇڭگو زېمىنىغا نەزەر تاشلىساق، ھەممە يەردە يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىيات بار بولدى.

بىر يىلدىن بۇيان، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، خەلق ئارمىيەسىدە يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش قىياپىتى نامايان قىلىندى. بىز دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەپ كاتتا ھەربىي پارات ئېلىپ باردۇق، دېڭىز ئارمىيەسى، ھاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق، 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق. دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ئاۋىئاماتكا رەسمىي ئارمىيەنىڭ قورال - ياراغ تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرى مەڭگۈ ۋەتەننى قوغدايدىغان پولات سېپىل، يۇرت - ماكانىمىزنى قوغداۋاتقان سادىق قوغدىغۇچىلارغا ئېھتىرام بىلدۈرەيلى!

2019 - يىلدا ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش بولدى. بىز جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ 70 يىللىق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئالقىش ياڭراتتۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچلۈك يادرولۇق كۈچىدىن لەرزىگە كەلدۇق. ھەربىي پارات چاسا ئەترەتلىرىنىڭ جاسارىتى پەلەككە يەتتى، ئامما نامايىشى قايناق ھېسسىياتقا تولدى، تيەنئەنمېن مەيدانى شادلىق دېڭىزىغا ئايلاندى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب - شىمالى قىزىل لىباستىن تون كىيدى، كىشىلەر چېھرىدە ئىپتىخارلىق تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى. «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» چوڭ - كىچىك كوچىلاردا تارقىلىپ ئېيتىلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدىن كۆزلىرىمىز ياشقا تولدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مىللەتنىڭ قەددىنى تېخىمۇ رۇسلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى جۇڭگونى مەدھىيەلەش، يېڭى دەۋردە كۈرەش قىلىشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش دولقۇنىغا مۇجەسسەملىنىپ، بىزگە پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ قوشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، مەن نۇرغۇن جايلارغا باردىم. شيۇڭئەن يېڭى رايونىنىڭ يۈگمە رەسىمى ئاستا - ئاستا يېيىلدى، تيەنجىن پورتى جۇش ئۇرۇپ گۈللەندى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ قوشۇمچە مەركىزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى، ئىچكى موڭغۇل چوڭ يايلىقى ھەيۋەتلىك، گۈزەل، يارقىن بولدى، خېشى كارىدورى مىڭ يىلدىن ھالقىپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تولۇقلاندى، يېڭىلاندى، يىلان باغرى سوزۇلغان خۇاڭخې دەرياسىدا ئاسمان ئېگىز، سۇ بىپايان، ھەيۋەتلىك، تىنچ بولدى، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى مولچىلىققا، باياشاتلىققا تولدى، رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇردى... ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. مەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسىنى بويلاپ ئەسلى مەقسەتنى چىڭىتتۇردۇم. جياڭشىنىڭ يۈدۇدىكى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە تۇيلانغان جايدىن يولغا چىقىپ، خېنەننىڭ شىنشيەن ناھىيەسىدىكى خۇبېي - خېنەن - ئەنخۇي سوۋېت رايونى مەركىزىدىكى ئىنقىلابىي مۇزېيغىچە، گەنسۇ گاۋتەيدىكى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسى خاتىرە مۇنارىدىن بېيجىڭ شياڭشەن ئىنقىلابىي خاتىرە ئورنىغىچە ھەربىر جاي مېنى چوڭقۇر خىياللارغا چۆمدۈردى، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچ بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەرنى ياخشى بېسىشىمىزدىكى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ.

ئادەتتىكى چاغلارغا ئوخشاش، مەن قانچىلىك ئالدىراش بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ۋاقىت چىقىرىپ يۇرتداشلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنى يوقلىدىم. كۆپچىلىك ماڭا كۆڭلىدىكى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى، مەن ئىنچىكە كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلدىم. يۈننەن گۇڭشەندىكى دۇلۇڭ مىللىتى ئاممىسى، فۇجيەن شۇۋننىڭ ناھىيەسىنىڭ شياداڭ يېزىسىدىكى يۇرتداشلار، «ۋاڭ جيې بەنى»دىكى بارلىق جەڭچىلەر، بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسى ئاسپىرانت چېمپىيونلار سىنىپىدىكى ساۋاقداشلار، ئاۋمېندىكى كىچىك دوستلار ۋە پىدائىي ياشانغانلار ماڭا خەت يازدى. مەن جاۋاب خېتىمدە كۆپچىلىكنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم ھەم ياخشى تىلەكلىرىمنى بىلدۈردۈم.

بىر يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن كىشىلەر ۋە ئىشلار بىزنى تەسىرلەندۈردى. بىر ئۆمۈر نام تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۆزگەرتمىگەن جاڭ فۇچىڭ، ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشىغا بېغىشلىغان خۇاڭ ۋېنشيۇ، ئوتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان سىچۇەن مۇلىدىكى 31 ئەزىمەت، ئۆز بەدىنى بىلەن سەپداشلىرىنى قوغدىغان دۇ فۇگو، ئۇدا 11 قېتىم دۇنيا لوڭقىسى چېمپىيونى بولغان جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى... ئارمانسىز، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن تۆھپە قوشقان نۇرغۇن نامسىز قەھرىمان، ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكىلىكى بىلەن ئاجايىپ كىشىلىك ھاياتنى پۈتتى.

2019 - يىلى، جۇڭگو داۋاملىق دۇنياغا قۇچاق ئاچتى. بىز 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى، بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى، ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنى، 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈپ، دۇنياغا بىر مەدەنىي، ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرۇشچان جۇڭگونى نامايان قىلدۇق. مەن نۇرغۇن دۆلەت باشلىقلىرى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، جۇڭگو تەشەببۇسىدىن بەھرىلىنىپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇم. دۇنيادا يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەر دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، دۆلىتىمىز دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەت 180گە يەتتى. بىزنىڭ دوستلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار بولدى!

2020 - يىلى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. 2020 - يىلى يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇرغىسى چېلىندى. بىز ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، كەمتۈكلۈكلەرنى يەنىمۇ بەكرەك پۇختا تولۇقلاپ، ئاساسنى يەنىمۇ بەكرەك مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھازىرقى ئۆلچەمدىكى يېزا نامرات نوپۇسىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتىم، مەن ئاۋمېننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىدىن سۆيۈندۈم. ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى تامامەن يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقىنى، قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەر قەلبىگە ياقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، شياڭگاڭ ۋەزىيىتى كۆپچىلىكنى ئەنسىرەتتى. ئىناقلىق، مۇقىملىق بولمىغان مۇھىتتا، قانداقمۇ خاتىرجەم ياشايدىغان يۇرت - ماكان بولسۇن! شياڭگاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشى، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ خاتىرجەم ياشىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن. شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ ئارزۇسى، شۇنداقلا ۋەتەن، خەلقنىڭ ئارزۇسى.

تارىخ دولقۇنى ئۈزۈلمەيدۇ، بۇ دولقۇن بىردە تىنچلانسا، بىردە ئۆركەشلەيدۇ. بىز بوران - چاپقۇندىن قورقمايمىز، توسالغۇلاردىن قورقمايمىز. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا ماڭىدۇ، قەتئىي تەۋرەنمەي دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدۇ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى پائال ئورتاق قۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايمىز.

مۇشۇ پەيتتە، يەنە نۇرغۇن كىشى خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن كىشى ئامانلىقنى قوغداۋاتىدۇ، نۇرغۇن كىشى جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ. كۆپچىلىك جاپا چەكتىڭلار!

بىز پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ، 2020 - يىلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى بىرلىكتە كۈتۈۋالايلى.

كۆپچىلىكنىڭ يېڭى يىلىغا مۇبارەك بولسۇن!